# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
28
سەيشەنبە
维吾尔文 1 月28日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24954 ـ سان بۈگۈن 2 بەت


## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى هازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تىنچلىق يىللىرىدا ئىس ـ تۈتەك بولمايدۇ، لېكىن ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانى ئوخشاشلا ھەربىر ئادەمنى سىنايدۇ. جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىيەت ئالدىدا، جەزمەن جان پىدالىق كۆرسىتىپ، بەرداشلىق بېرىپ، ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى هازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتۇش كېرەك.» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بولۇپمۇ ئاغرىقلارنى داۋالاش خىزمىتىنى قايتا تەتقىق قىلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، قايتا سەپەرۋەر قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا قارىتا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش

## شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلاردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى

# كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىرقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كەسكىن كۈرىشىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار جەزمەن خەلق مەنپەئىتىنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى توغرا ئىگىلەپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشى، بىرتۇتاش ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئامما مۇداپىئەلىنىدىغان، ئامما تىزگىنلەيدىغان پۇختا مۇداپىئە سېپى بەرپا قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەش ئەمەلىيىتىدە كادىرلارنى كۆزىتىپ پەرقلەندۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

## گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ 2020 ـ يىللىق چاغانلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ 2020 ـ يىللىق چاغانلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى، ھەرقايسى بىۋاستە قاراشلىق ئاپپاراتلار:

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ توپلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھازىر 2020 ـ يىللىق چاغانلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ.

1. 2020 ـ يىللىق چاغانلىق دەم ئېلىش ۋاقتى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى(دېھقانلار كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، يەكشەنبە)گىچە ئۇزارتىلىدۇ، 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى(دۈشەنبە)دىن باشلاپ نورمال ئىشقا چىقىلىدۇ.

2. ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، يەسلىلەر ئوقۇش باشلاشنى كېچىكتۈرىدۇ، كونكرېت ۋاقتىنى مائارىپ تارماقلىرى ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ.

3. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سەۋەبلىك دەم ئالالمىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە تولۇقلاپ دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، دەم ئالمىغان ۋاقتىدىكى مائاشى، ئىش ھەققى ئالاقىدار سىياسەت بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلۈشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى
2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش
## ئەڭ گۈزەل «كەسپىنى قەدىرلەش بەخت كارتىسى»نى نامايان قىلىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

بۇ ئالاھىدە چاغاندا، نۇرغۇن كىشى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ گۈزەل «كەسپىنى قەدىرلەش بەخت كارتىسى»نى نامايان قىلماقتا. ئۇلار تېببىي خادىملار، پويىز خادىملىرى، مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى، ئاممىۋى ئاپتوبۇس شوپۇرلىرى، تاللا بازىرى خىزمەتچىلىرى، توك، پار بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش خادىملىرى... ئۇلار ئاددىي ئىش ئورنىدا باشقىچە چىڭ تۇردى. چاغان مەزگىلىدە، پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان بىرىنچى سەپتىكى ئەمگەكچىلەرگە يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىراش چاغلىرىنى خاتىرىلىدى.

**مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق قوغداش ئىللىقلىق ئارقىلىق ئامانلىق ـ ساغلاملىقنى كاپالەتلەندۈرۈش**

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 9دا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ سېستىرالار باشلىقى ۋاڭ لۇ ئامبۇلاتورىيەگە بالدۇرلا كېلىپ ئىسمىنا ئالماشىپ، ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ ئەتىدىكى نۆۋەتچى خادىملار ئۇچۇرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، ئاغرىق قوبۇل قىلىش سانلىق مەلۇماتى ۋە ھەرىكەتچان ئۇچۇرنى مەلۇم قىلدى، سېستىرالارنىڭ ماسكا، كۆز ئاسراش ئەينىكى قاتارلىق ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرىدە يوچۇق بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈردى... بۇ ئۇنىڭ ئۇدا ئالدىراش ئىشلىگەن ئۈچىنچى كۈنى. «مەن پارتىيە ئەزاسى، بۇنداق چاغدا ئەلۋەتتە بىرىنچى سەپتە تۇرۇشۇم كېرەك. بىز بۇ ئالاھىدە چاغاندا بىرلىكتە تىرىشىپ، يۇقۇمغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تاقابىل تۇرىمىز.» ۋاڭ لۇ مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، مەن چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئىش ئورنىغا قايتىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم، مەن ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا موھتاج ئانامنى سىڭلىمغا تاپشۇرۇپ، ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا يېتىپ باردىم.

«مەركىزىي شەھەر رايونىنىڭ بىر قېتىملىق سۇ بىلەن تەمىنلەش تېمپېراتۇرىسى 108 سېلسىيە گرادۇس، قايتقان سۇ تېمپېراتۇرىسى 56 سېلسىيە گرادۇس بولۇپ، بېسىم، تېمپېراتۇرا پارامېتىرلىرى نورمال.» 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چاغاننىڭ 1 ـ كۈنى، ئالتاي شەھەرلىك لەنتيەن پار بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى جى يەنشوۋ ماسكا تاقاپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش سېخنى ئايلىنىپ كۆزدىتىپ، تەۋەلىك رايوندىكى 120 پار پونكىتىنىڭ پار بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يۈرۈشۈش پارامېتىرلىرىنى تەكشۈردى. «يۇقۇم مەزگىلىدە يىغىلىشنى ئازايتىش، سىرتقا ئاز چىقىش تەشەببۇس قىلىندى، بىز ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىدە بىر ئىللىق چاغان ئۆتكۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز.» جى يەنشوۋ مۇنداق دېدى: چاغان مەزگىلىدە، بۇ پار بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ خېرىدارلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى راۋان بولدى، رېمونتچىلار 24 سائەت نۆۋەتچىلىك قىلىپ تەييار تۇرۇپ، قەيەردە مەسىلە كۆرۈلسە بىرىنچى ۋاقىتتا بېرىپ جىددىي رېمونت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى جىددىي تاقابىل تۇرۇشقا تېگىشلىك تۈرلۈك ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتىدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تىنچ ـ ئامان سەپەرگە چىقىش**

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 14تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، Z70 ـ قېتىملىق پويىز ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن يولغا چىقىپ، يېڭى سەپەرنى باشلىدى. پويىز باشلىقى خې خەيبىن ماسكا تاقاپ ۋاگوندا موكىدەك ئۆتۈشۈپ، يولۇچىلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى رەتلىدى، يولۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى، يۇقۇمدىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى. ۋاگون ئىچىدىكى رادىيودا يۇقۇمدىن ساقلىنىش بىلىملىرى ئاڭلىتىلىۋاتاتتى، خې خەيبىن باشقا پويىز خادىملىرى بىلەن قەرەللىك ھالدا ۋاگون ئىچىگە دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى چاچتى، «كۆپچىلىك ماسكىنى ياخشى تاقاپ، قوللىرىنى يۇيۇپ تۇرۇڭلار، بىئارام بولۇۋاتقان يولۇچىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭلار». خې خەيبىن بىر تەرەپتىن ئالدىراش ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن يولۇچىلارغا نەسىھەت قىلىۋاتاتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

## پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئامما ئالدىنى ئېلىپ، ئامما تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي، كەسكىن غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، چىڭ ساقلاپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.



1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو مىكروبسىز داۋالاش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىدا ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىق مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جېجيەن فوتوسى

ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى چېڭگۇاڭ خۇايۈەن ئولتۇراق رايونىدا 2400دىن ئارتۇق ئائىلىلىك 6000دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. ئولتۇراق رايونىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا، تيانشان رايونلۇق كېسەللىكنى كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ۋە مەھەللە، ئولتۇراق رايون مۇلازىمەت باشقۇرۇش خىزمەتچى خادىملىرى ھەر مىللەت ئاھالىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتاتتى، ماسكا ۋە دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىۋاتاتتى، كىرىۋاتقان ئاپتوموبىل ۋە كىشىلەرنى تەرتىپلىك دېزىنفېكسىيە قىلىۋاتاتتى، تىزىملاۋاتاتتى. چېن چۈەنگو خىزمەتچى خادىملاردىن سەممىي ھال سورىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى مۇداپىئە سېپى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ۋە تەن ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك. مەھەللىدە دېزىنفېكسىيەلەش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تىزىملاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر، بولۇپمۇ يۇقۇم يۈزبەرگەن رايوندىن كەلگەن كىشىلەرنى ۋاقتىدا باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، ئىز قوغلاپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونىمىز ئۇدا يىغىن ئېچىپ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ھازىر ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك لايىھە مېخانىزمى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ «بىر تاختا شاھمات»، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ.

ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى كەسكىن، بىز جەزمەن تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل ئىستىل ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)